تارىختىن ئۈچۈر

# سۈرەتچى سەمىتوۋلار ئائىلىسى

ئىلى تەۋەسىدە دەسلەپكىلەر قاتارىدا فوتو سۈرەتچىلىك بىلەن داڭق چىقارغان ئەكمەل جالالىدىن ئوغلى سەمىتوۋ 1881 - يىلى تاتارستاننىڭ كوگوشوۋ ناھىيەسىدە تۇغۇلغان. ئۇ بۇخگالتېرلىق، شۇنداقلا فوتوگرافىيە ئوقۇشىنى تاماملىغان. ئۇيغۇرستاندىكى داڭلىق مەرىپەتپەرۋەر مۇسابايېۋلارنىڭ تەكلىۋى بىلەن ئۇ 1903 - يىلى غۇلجا شەھىرىگە كۆچۈپ كېلىپ، بۇ يەردە بۇخگالتېر بولۇپ ئىشلەيدۇ. ئۇ غۇلجا شەھىرىدە فوتو سۈرەتخانا يوقلىغىنى بايقاپ، 1906 - يىلى سۈرەتخانا ئاچىدۇ. ئەكمەل 1907 - يىلى ئائىلىلىك بولۇپ، سەككىز ئوغۇل ۋە بىر قىزنى قاتارغا قوشىدۇ.

ئەكمەل 1911 - يىلى تۇغۇلغان 2 - ئوغلى كامالىدىنغا ئۆزىنىڭ سۆيۈملۈك ھۈنىرىنى ئۆگىتىپ، بىللە سۈرەتچىلىك قىلغان. ئۇلارنىڭ سۈرەتلىرى غۇلجىدا ياخشى سۈپەتلىك بولۇشى بىلەن داڭق چىقارغان ئىدى. 1953 - يىلى ئەكمەل جالالىدىن ئوغلى ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئوغلى كامالىدىن ئاتا ھۈنىرىنى ئايالى رەئۇفە خانىم بىلەن فوتو سۈرەتكە چۈشىرىش ئىشلىرىنى داۋاملاشتۇرغان.


ئەكمەل جالالىدىن ئوغلى.


كامالىدىن ئەكمەل ئوغلى.


توختامىش ئەكمەل ئوغلى.

1956 - يىلى بۇ فوتو سۈرەتخانا دۆلەت ئىختىيارىغا ئۆتۈپ، «قىزىل بايراق» نامى بىلەن ئىشلىگەن. «قىزىل بايراق» فوتو سۈرەتخانىسىدا كامالىدىننىڭ رەھبەرلىكىدە رەئۇفە خانىم ۋە باشقىلار ئىشلىگەن.

1944 - يىلى مىللىي - ئازاتلىق ئىنقىلاپ دەۋرىدە ھەبىب يۇنىچىنىڭ كورسەتمىلىرى بىلەن ئەق ئۇرۇش مەيدانلىرىدىن، ئوق يېغىپ تۇرغان پەيتلەردە كوپلىگەن سۈرەتلەرنى چۈشەرگەنلىكى ئۈچۈن كامالىدىن «باھادىرلىق» مېدالى بىلەن مۇكاپاتلانغان.

كامالىدىن 1959 - يىلى ئائىلىسى بىلەن قازاقىستانغا، ئالمۇتا شەھىرىگە كۆچۈپ كېلىپ ئىستىقامەت قىلىدۇ ۋە 1973 - يىلى دۇنيادىن ئۆتىدۇ.

شەرقىي تۈركىستان ئىنقىلاۋىغا ئەكمەلنىڭ جامالىدىن، كامالىدىن، فەرىت، توختامىش، خەمىت دېگەن پەرزەنتلىرى ئىشتىراك قىلغان. توختامىش بىلەن خەمىت ئىنقىلاپتىن كېيىنمۇ ھەربىي خىزمەتنى داۋاملاشتۇرىدۇ. توختامىش ھەربىي خىزمەتتە تەرجىمانلىق ۋەزىپىسىنى ئورۇنلاپ (خىتاي تىلى مۇتەخەسسىسى) «ئازاتلىق»، «پىدائىي» ۋە باشقا مېداللار بىلەن مۇكاپاتلانغان. 1962 - يىلى ئالمۇتىغا كۆچۈپ كېلىپ بۇ تەۋەدە ياشاپ، 1976 - يىلى دۇنيادىن ئۆتكەن. تۆۋەندە بىز سەمىتوۋلار سۇلالىسى سۈرەتلىرىنىڭ تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە فوتو سۈرەتلىرىنى دىققىتىڭلارغا ھاۋالە قىلماقتىمىز.

نازىلە يۇسۇپوۋا.

## سەمىتوۋلار ئارخىۋىدىكى فوتو سۈرەتلەر


غۇلجا شەھىرىدىكى بىلىم يۇرتى.


50 - يىللاردىكى غۇلجا كۆرۈنۈشى.


ئەخمەتجان قاسىمى باشلىق ئىنقىلاۋى قۇربانلارنىڭ غۇلجا دوڭ مەھەللىدىكى مەقبەرىسى، 1959 - يىلى بۇ قەبرىلەر قادىر ۋاڭ ئىستىراھەت بېغىغا يۆتكەلگەن


غۇلجىدىكى ئېلېكتر ستانسىيەسى.


غۇلجا ساي بويىدىكى سوۋېت دوختۇرخانىسى.


1949 - يىل. غۇلجا شەھىرىدىكى نامايىش.

